شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى (ئىلمىي ژورنال)

1985-يىل 1-سان

# 1759 — 1820 - يىللىرىچە چىڭ خانلىقى بىلەن قوقەندنىڭ مۇناسىۋىتى


(ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى)

فەن جىژېڭ


قوقەند — 18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان ئۆزبەك فېئودال هاكىمىيىتىدىن ئىبارەت. 1759 - يىلدىن 1820 - يىلغىچە بولغان 60 نەچچە يىل جەريانىدا، قوقەند چىڭ خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالى چېگرا سىرتىدىكى بىر بېقىندى دۆلىتى بولغان. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ مەزگىلنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى مەزگىلگە بۆلۈش مۇمكىن: (1) قوقەندنىڭ چىڭ خانلىقىغا ئەل بولۇشى (1759 — 1810 - يىل)؛ (2) قوقەندنىڭ تەدرىجى ئايرىلىپ كېتىشى (1810 — 1820 - يىل). بۇ ماقالىدا مۇهاكىمە قىلىپ باقماقچى بولغان مەسىلە: قوقەندنىڭ چىڭ خانلىقىغا ئەل بولۇشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش؛ قوقەند بىلەن چىڭ خانلىقى ئوتتۇرىسىدا بېقىندىلىق — مېتروپوللۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلىش جەريانى، خاراكتېرى ۋە ئورنى؛ ئەينى ۋاقىتتا چىڭ خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىتى ۋە قوقەندكە قاراتقان ئاساسىي سىياسىتى، قوقەند قانداق تارىخىي شارائىتتا تەدرىجى ئايرىلىپ كەتكەن، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

## (1) 1759 - يىلدىن ئىلگىرىكى قوقەند

قوقەندنىڭ باشلىقى ئۆزبەكلەرنىڭ مىڭ (ming) قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن شاھرۇخ بەگدۇر — ؟ (1721 - 1722) ①. شاھرۇخ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇرېھىم، ئابدۇكەرىملەرنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز بەك ئاز. ئۇ چاغلاردا، جۇڭغارلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز نىي كۈچلۈك ئاتا ۋاتقان، غالدان شەرقتە تۇرپان، قۇمۇلغىچە، غەربتە قازاقىستان، بۇخارا، قوقەندگىچە بولغان مىڭدىن ئارتۇق قەبىلىنى «ھۆججۇم قىلىپ تەسلىم قىلغان»، «يۇتۇۋالغان» بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى خانى كاڭشىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا مەيدانى «ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماسلىق» بولغان («چىڭ سۇلالىسى خانى شېڭزۇنىڭ ئەمەلىي

ئىشلىرى خاتىرىسى» 183 - جىلد، 4 - ، 29 - بەتلەر). 18 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭغارلار پەرغانىغا 2 قېتىم زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغان، رۇسچە ماتېرىياللاردا 1745 - يىلى 1746 - يىللىرى جۇڭغارلار ئابدۇكەرىمگە قارىتا ئۇرۇش قوزغىغان، دېيىلگەن (2)، قوقەندتىكى دائىر تارىخ ماتېرىياللىرىدا: «ئابدۇكەرىمخان سۇلتانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندا، قالمۇقلار قوشۇنى قېنىغا كەلگەن ۋە قوقەند شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلغان (؟)» دېيىلگەن. بۇ ئۇرۇشمۇ چىڭ خانلىقىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاتقان. «چىڭ خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» دە: جۇڭغارلار «تەۋەسىدىكى» ئابدۇكەرىم غالدان سېرىنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەن، غالدان سېرىن «غەزەپلىنىپ» ئويراتلاردىن 24 مىڭ ئەسكەر، قازاقلاردىن 4 مىڭ، قىرغىزلار-دىن 2 مىڭ ئەسكەر بەلگىلەپ ھۇجۇمغا ئېۋەتكەن، «لېكىن ئابدۇكەرىمخاننىڭ كۈچى تولۇق، ئەسكەرلىرى خىل ئىكەنلىكىنى ئىشىتتۇق، غەلىبە - مەغلۇبىيىتىنىڭ قانداق بولغان-لىقىنى بىلمىدۇق» دېگەن مەلۇمات بېرىلگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 252 - جىلد، 18 - ، 20 - بەتلەر). بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېھتىمال «قارشىلىق كۆرسەتكەندەك كۈچى بولمىغاچقا (ئابدۇكەرىمنىڭ)، نائىلاج بوۋاق بەگنى تۇرغاقلىققا تاپشۇرۇپ بەرگەن» بولۇشى مۇمكىن، ئابدۇكەرىم ئۆزىنىڭ جىيەن ئىنىسىنى تۇرغاقلىققا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتا بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلغان. 18 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، ئابدۇكەرىم ئۆلگەندىن كېيىنكى يىللاردا، قوقەند شاھرۇخ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆز ئارا ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. جۇڭغارلار ئۆزىنىڭ قورچىقى بوۋاقنى يۆلەش غەرىزىدە، بۇ كۈرەشكە ئارىلاشقان. ئاخىرى، 1753 - يىلى ئابدۇرەھىمنىڭ ئوغلى ئېردانا (erdana) (1753 — 1770) قوقەندتە ھۆكۈمران-لىق ئورناتقان. بۇ چاغدا، قوقەند ئىگىلىگەندە ئاران پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم جايلارلا قالغان.

قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى قوقەند نام جەھەتتە بۇخارا خانلىقىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىل يەنە جۇڭغارلارنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئانچە زور بولمىغان فېئودال سۇيۇرغاللىغا تەۋە بولغان. ھەتتا ئۇنىڭدا خانلىقنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولغان دېيىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. 17 — 18 - ئەسىرلەردە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىن بىر قىسىم جاينى بۆلۈۋالغان، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى كۆپ بولۇپ، قاتناش تۇسۇلۇپ قالغان بولغاچقا، چىڭ خانلىقى قىرىلۇپ يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن قوقەند جايلاشقان پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە رايونى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە ئالاقىسى باشلانغان.

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى زور ۋەقە يۈز بەرگەن:

ئۇنىڭ بىرسى، بۇخارا خانلىقى ئاستارخان (ياكى جان خان دېيىلگەن) دەۋرىدە، پېرسىيە شاھى نادىر شاھنىڭ زور قوشۇنى تويۇقسىز بېسىپ كىرىشى بىلەن يوقالغان، تا نادىر شاھ ئۆلگەندىن كېيىن (1747 - يىلى) ئاندىن بۇخارادا يېڭىدىن مانغىت خانلىقى قۇرۇلغان، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئېردانا بۇخارادىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، ئەنجان، نەمەنگان، مەرغىلاننى قوقەند ھاكىمىيىتى ئاستىغا بىرلەشتۈرگەن، ئەمما بۇ بىرلەشتۈرۈش تولىمۇ بوش بولغان. ۋېي يۈەن ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ «تۆت شەھىرىنىڭ ھەممىسىدە بەگ بولغان». ئېردانا پەقەت قوقەند شەھىرىنىڭ «باشلىقى» دېگەن ئىبارەت بولغان («شېڭۋۇجى» 4 - توم)، يەنە بىرسى، چيەنلۇڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىڭ خانلىقى جۇڭغارلار (1755 — 1758 - يىللار) ۋە چوڭ - كىچىك غوجىلار توپىلىڭىنى (1757 — 1759 - يىللار) جىمىقتۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، بۇ، خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ مىسلىسىز بىرلىككە كېلىشى، راۋاج تېپىشى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىچىككىنە فېئودال سىيۇزرغا ئالىق — قوقەند ناھايىتى تېزلا چىڭ خانلىقىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالغان.

## (2) قوقەندنىڭ چىڭ خانلىقىغا بېقىنىشى

(1759 — 1810 - يىل)

چىڭ خانلىقى چوڭ - كىچىك غوجىلار توپىلىڭىنى جىمىقتۇرۇش جەريانىدا قوقەند ھاكىمىيىتى بىلەن بىۋاسىتە سىياسىي ئالاقە قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) يازدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چوڭ - كىچىك غوجىلارغا قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ داۋاملىق غەلىبە قىلغان، سەركەردە جاۋخۇي ئاسىي بادىشلارنىڭ قېچىش يولىنى توساش ئۈچۈن، «ياساۋۇل داقتانا قاتارلىقلارنى ئېردانا بەگكە، مەرغىلان، ئەنجان، نەمەنگان قاتارلىق شەھەرلەرگە يارلىق يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن» («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 596 - جىلد، 24 -، 25 - بەتلەر)، «ئۇنىڭ چېگرىسىغا بارغاندا، ئېردانا ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى ئالغان، كۆنگە قوي ئۆلتۈرۈپ، ھاراق - شاراپ، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلغان، جۇڭگو زېمىنىنىڭ ۋەزىيىتىنى سورىغان، ئەيمىنىپ - قىزىقىپ، ئىچكىرىگە بېقىنىش يۈز تەسلىمىنى بىلدۈرگەن» («چىڭ خانلىقى تارىخى» 529 - جىلد).

ئۇ يۈز تەسلىمىيە بىلدۈرگەن خېتىدە مۇنداق دېگەن:

ئېردانا بەگ قاتارلىقلار ئۇلۇغ پادىشا ۋەكىلىنىڭ قوشۇنىغا قۇماندانلىق قىلىشنى، باتۇر سەركەردىلەرنىڭ ئېسەن - ئامان بولۇشىنى تىلەيمىز. تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن

ئۇلۇغ پادىشا بەخت - سائادەتكە ئېرىشسە، بىزمۇ تۇرمۇشتا خاتىرجەملىككە ئېرىشىمىز. سەركەردە يەكەن، قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇيرۇت، قازاق قەبىلىلىرىگە يارلىق يەتكۈزۈپ خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئىشىتكەن بولساقمۇ، بىزگە يارلىق يېتىپ كەلمەي، كىچە - كۈندۈز كۈتمەكتە ئىدۇق. بەختكە يارىشا ياساۋۇللار سەركەردە خېتىنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ پادىشاغا پۇخرا بولۇپ، مەڭگۈ خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنلىكىمىزگە ئىنتايىن خۇشال بولدۇق.

(«غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 45 - جىلد)

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، 1759 - يىلدىن 1810 - يىلغىچە، قوقەندنىڭ ئۈچ ئەۋلاد بېگى پايتەختكە بېرىپ مەنچىڭ خانىغا سالام بېرىشكە 9 نۆۋەت ئەلچى ئەۋەتكەن.

1759 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سەركەردە جاۋخۇيىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، قوقەند بېگى ئېردانا خانغا سالام بېرىپ تارتۇق تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئەنجاننىڭ بېگى توختامەت (توختى مەھمۇت دەپمۇ يېزىلغان) باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. بۇ قوقەند ئەۋەتكەن بىرىنچى قېتىملىق ئەلچىلەر ئۆمىكى بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتى نىسبەتەن ئەھمىيەت بەرگەن. چيەنلۇڭ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش - ئۇزىتىش ئۈچۈن «يول بويىدىكى بەگەت - ئۆتەڭلەردە ئات - ئۇلاق ھازىرلاپ تولۇق تەييارلىق كۆرۈلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 601 - جىلد، 7 - بەت). بۇ ئۆمەك 1760 - يىلىنىڭ بېشىدا بېيجىڭگە يېتىپ بارغاندا، قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 1 - ئايىنىڭ ... كۈنى (1760 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى) پادىشا چيەنلۇڭ چيەنچىڭ سارىيىدا ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغان، «توختامەت قاتارلىقلار تازىم قىلغان، خان ئۇلارنى ئۆز تەختى ئالدىغا چاقىرىپ، ھال سورىغان»، («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 604 - جىلد، 13 - بەت). توختامەت بېيجىڭدە بەدەخشان، چىرىك، بولۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىللە بىر قانچە قېتىم زىياپەتكە قاتناشقان. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 2 - ئاينىڭ ... كۈنى (1760 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) چىڭ خانلىقى ئوردىسىدىن ئېردانا غا بېرىلگەن بىرىنچى يارلىقتا، قوقەندنى «بىزگە ئەل قىلىپ، ئوغرىلارنى تۇتۇپ نەتىجە كۆرسەتتىڭىز، ئوردىغا تازىم بىلدۈرۈشكە ئەلچى ئەۋەتتىڭىز، بۇ قىلغانلىرىڭىز تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ» دېيىلگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 606 - جىلد، 1 - ، 2 - بەتلەر). چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن يەنە قوقەند ئەلچىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن سۇ نۇمچىلىنى بەلگىلىگەن، ئۇ «خان بارلىقىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا تەربىيە بەرگەن»،

ئېردانا بەگ «شەھەرنىڭ سىرتىدا قائىدە - رەسمىيەت بىلەن كۈتۈۋالغان»، («چىڭ سۇلالىسى تارىخى» 529 - جىلد)

چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلىدىن 28 - يىلىغىچە (1762 — 1763 - يىلىغىچە)، ئېردانا ئەۋەتكەن بابا چاق باشچىلىقىدىكى تازىم بېرىش ئەلچىلەر ئۆمىكى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەند مۇناسىۋىتى تارىخىدا خېلى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئۆمەك بېيجىڭدا قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان، چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى 1 - ئاينىڭ ... كۈنى (1763 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) چىڭ خانلىقى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئارقىلىق ئېردانىغا بەرگەن ھۆكۈم يارلىقتا: «سىز چوڭقۇر خەيرى خاھلىققا ئېرىشتىڭىز، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، تەۋەيىڭىزدىكى خەلقىڭىزنى چىڭ تۇتۇپ، خوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتىشىڭىز كېرەك، ھەممە ئىشلاردا قەشقەر - يەكەندە تۇرۇشلۇق ئامبالنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بويسۇنغايسىز» دېيىلگەن. («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 678 - جىلد، 18 - بەت).

چيەنلۇڭنىڭ 32 - يىلىدىن 33 - يىلىغىچە (1767 - يىلىدىن 1768 - يىلىغىچە) قوقەندنىڭ يەنە بىر سالام بېرىش ئەلچىلەر ئۆمىكى بېيجىڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، لېكىن بۇ ئۆمەك ھەققىدە «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى»دە ئانچە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 801 - جىلد، 9 - بەت).

ئېردانا تەخمىنەن 1770 - يىلى ئۆلگەن، بەگلىك (بېيى) ئۇنىڭ جيەنى ناربۇتىغا مىراس قالغان، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى»دە: ناربۇتىنىڭ چيەنلۇڭنىڭ 35 - يىلى (1770 - يىلى) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ شىۋئان بەيمۇت باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى پايتەختكە سالامغا ئەۋەتىپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە ناربۇتىنىڭ بەگلىكنى ئۆتكۈزۈپ ئالغانلىقىنى مەلۇم قىلغانلىقى ۋە لۈكچۈەن تەخسىسىنى تەقدىم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. چيەنلۇڭ ناربۇتىغا بەرگەن بىرىنچى يارلىقىدا «كەلگەنلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، سىز بوۋىڭىز ئېردانىغا ۋارىسلىق قىلىپ قوقەند بېگى بوپسىز، ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ بىرلىكتە خاتىرجەم ئۆتىدىغانلىقىڭىزنى مەلۇم قىلىپسىز، بۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ ...... سىز يەنە يازغان مەلۇماتىڭىزدا، بوۋام ئېردانانىڭ تەلىمىنى ئەسلەپ چىڭ تۇتۇپ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق نەتىجە كۆرسىتىمەن دەپسىز، بۇ تېخىمۇ خۇشاللىنارلىق ئەھۋال» دېيىلگەن. بۇ يارلىقتا، چىڭ ھۆكۈمىتى 1763 - يىلى ئېردانىغا قويغان: «ھەممە ئىشتا قەشقەر، يەركەن ئامبىلىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، تىنچ ئۆتكەيسىز» دېگەن تەلەپ قايتا بىلدۈرۈلگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 866 - جىلد، 16 - 17 - بەتلەر)، پادىشا چيەنلۇڭ تەقدىم قىلىنغان

لۈكچۈن تەخسىسىنى قوبۇل قىلغانىدا شېئىرىي ئىلھامى كېلىپ «لۈكچۈن تەخسىسىگە مەدھىيە» دېگەن بىر كۆپلەت شېئىر يازغان. شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا:

مەدھىيىلىگەن بۇ ئەرسە ئويۇنچۇق ئەمەس،

بىزنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتى ئىناۋەتنى ساقلاشتا، دېيىلگەن.،

بۇ يارلىق ۋە بۇ شېئىردا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوقەندنىڭ يېڭى بېگى ناربۇتىنىڭ ئېردانا ۋاقتىدا قوقەند بىلەن ئورنىتىلغان مۇناسىۋەتكە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى توغرىسىدىكى ئۈمىدى بىلدۈرۈلگەن. ناربۇت ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (1770 — 1799 - يىللار) قوقەندنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلمىگەن، ئۇ يەنە يىلدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە پايتەختكە بېرىپ سالام بېرىشكە ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغان. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى» دە يەنە تۆۋەندىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى كۆزگە چېلىقىدۇ:

1782/3 - يىلى: ئوبۇلقاسىم باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 72 — 1171 - جىلدى)

1792/3 - يىلى: مىرزا مەھمالايىم (؟) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 21 — 1419 - جىلد)

1796/7 - يىلى: بوۋاجان، شىرىپ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 96 — 1495 - جىلدى)

ناربۇت تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلغاندا، مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشىدۇ، 1800 - يىلى تاشكەنتتە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ ⑦. ئۇنىڭ ئوغلى ئالىم (ئالىمخان دەپمۇ يېزىلغان) ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ قوقەندكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1810 - يىلغىچە (؟) داۋام قىلىدۇ، ئالىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى قوقەند تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئومۇمەن قوقەند خانلىقىنىڭ سىياسى تەسىرى 19 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىدا كۈچىيىشكە باشلىغان دەپ قارىلىدۇ. ئالىمخان توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتورلىرىنىڭ ئۇرغۇن بايانلىرى بولۇپ، بەزىلىرى ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە دىگىدەك خوشنىلىرى بىلەن سوقۇشۇش ۋە ئىچكى ماجىرالارنى باستۇرۇش بىلەن ئۆتكەن دېسە، بەزىلىرى ئۇ، ئۇرا — تىيۇبىگە 15 قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغان، يەنە خارەزىم ۋە قىرغىز خانلىرى بىلەن سوقۇش قىلغان ⑪ دېگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى نايەنچىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدا: «قەبىھ زالىم، بەك تەكەببۇر» دېگەن. («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 19 - جىلد، 4 - بەت). «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «قوقەندخانى ئالىمخان ئۆلۈش ۋاقتىدا، تاشكەنت ۋە قوقەند ئاقساقاللىرىغا جۇڭگوغا

قورال تەگلىمەي، ھۆرمەتلەپ ئۆتۈشنى نەسىھەت قىلغان» دېيىلگەن (5 - جىلد). ئۆلۈش ئالدىدا قالدۇرغان بۇ سۆزنىڭ بار - يوقلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئالىم ھەر قانچە ئۇرۇشپەرەس بولسىمۇ، چىڭ خانلىقىغا قارىتا ھەقىقەتەن ئانچە بىھۆرمەتلىك قىلمىغان. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» ئالىمنىڭ ئىككى نۆۋەت بېيجىڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق قىلغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

بىر قېتىم جياچىڭنىڭ 7 - (1802 — 1803) يىلى، قوقەند ئەلچىسى نىياز مەھمۇت، شىرىپ قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار بىللە بېيجىڭگە خان ھوزۇرىغا بارغان. («چىڭ سۇلالىسى خانى رېڭزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 106 - جىلد، 30 - بەت)

يەنە بىر قېتىملىق جياچىڭنىڭ 14— 15 - يىلى (1809 — 10 - يىلى) بولغان. بۇ قېتىمقى خان ھوزۇرىغا كىرىشتە ئازراقچە ئاۋارىچىلىق يۈز بەرگەن. ئەسلىدە بۇ قېتىمقى خان ھوزۇرىغا بېرىشنى چىڭ ئوردىسى تەستىقلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىمنىڭ ئىلتىماسىنىڭ تەرجىمىسىدە «ھۆرمەت - بويسۇنۇش ئىبارىلىرى كەمچىل» لىكى، «ئۆزىنىڭ بېقىندىلىقىنى يوقۇتۇپ قويغان» لىقى بىلىنگەن. شۇنىڭ بىلەن كېلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ پايتەختكە كەلمەسلىكى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. («چىڭ سۇلالىسى خانى رېڭزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 216 - جىلد، 2 -، 3 - بەتلەر). لېكىن ئالىمنىڭ ئەلچىسى ئاخۇنجان شەۋئان ئەپۇ سوراپ: «بىز مۇسۇلمانلار ھاماقەتمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېگىمىز گۆدەك بولغاچقا، خاننىڭ رەسمىيەت قائىدىلىرىنى بىلمەيدۇ. بىز بەك تەشۋىشتە قالدۇق، ئامبال دارىننىڭ تەربىيە بېرىشىنى سورايمىز، بىزنىڭ يەنىلا پايتەختكە بېرىپ چوڭ خانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىزگە رۇخسەت قىلىنسا» دېگەن («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 19 - جىلد، 7 - بەت). قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەسلىھەت ئامبىلى نايەنچىڭ مۇشۇ ۋەقە سەۋەبى بىلەن چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلىدىن باشلاپ قوقەندتىن ئەلچى ئەۋەتىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان جەمئىي 24 قېتىملىق ئالاقىنى تەكشۈرگەن، «قوقەندنىڭ ئەزەلدىن ئىززەت - ھۆرمەت دېگەننى بىلمەيدىغانلىقى، ئادىتى شۇنداق ئىكەنلىكى» ئىسپاتلىنىپ، «بۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى، تاغىلىرىمۇ ئىززەت - ھۆرمەتنى بىلمەي ئۆتكەن ئىكەن، بۇ، تەگىشكە ئەرزىمەيدىكەن» دەپ قارىغان. («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 19 - جىلد، 4 - بەت) ئاندىن قوقەند ئەلچىسىنىڭ پايتەختكە كېلىپ خان ھوزۇرىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنغان.

يېقىنقى تارىخ ماتېرىياللىرى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەند ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەر مۇستەھكەم مىتروپول — بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيادا ئەڭ كۈچلۈك فېئودال ئىمپېراتورلۇقىدىكى دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۆز ئەتراپىدىكى كىچىك دۆلەتلەرگە تەڭ مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىت

قىلىنغىنىدەك بولمايتتى ئەلۋەتتە. چىڭ سۇلالىسى ناتۇرال دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان فېئودال ئىمپېراتورلۇقى ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشى ئىمپېراتورنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ نېگىزى ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى «ئاز سانلىق مىللەت» زېمىنلىرىدىن ئۇلپەت كۈتمەيتتى، «ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى تېرىلغۇ قىلىشقا يارىمايدۇ، خەلقى ئىشقا سېلىشقا يارىمايدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇنىڭدا سودا، بازار مۇستەھكەملىك ئارزۇسى تېخىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا يەنە زور تەلىپى: ئۇلار ئىمپېراتورلۇقنىڭ «بېقىندىسى» ۋە «توسىقى» بولۇپ بەرسە، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونىنىڭ تېنىچ ۋە مۇقىملىقىنى تەمىن ئېتىش ئىدى. شۇڭلاشقا، چىڭ خانلىقى ئۆزىنى «تەڭرى خانلىق» ھېسابلاپ «ئالەمنىڭ ئورتاق خوجايىنى» سالاھىيىتى بىلەن ئەتراپىدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر»گە قوماندانلىق قىلاتتى، ئۇلار «ھۆرمەت بىلەن باش ئەگسۇن» دەيتتى. ئەتراپىدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر» مۇھايانلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، بېقىندى بولۇشقا تەييار بېرەتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇقەررەر مەنتىق ئىدى. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى قوقەندنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا بېقىنىشى «قورال تەھدىتى بىلەن بويسۇنغان ئەمەس» بەلكى «ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۈپ بېقىنغان»، چىڭ سۇلالىسى قوقەندكە قورال تەڭلىگەن ئەمەس، قوقەند ھەرقاچان «قاچىلىمىسىمۇ ھاكىمەن، دالالەت قىلمىسىمۇ بېقىنىمەن» دېگەندەك بېقىنغان («شېڭۋۇجى» 4 - توم).

جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىمۇ بىر قەدەر بىردەك شۇنداق قارايدۇكى، 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوقەند چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېقىندى دۆلىتى بولغان، چىڭ سۇلالىسى قوقەندنىڭ مېتروپولىيىسى بولغان. ۋېي يۈەننىڭ قارىشىچە، قوقەند ۋە پامىرنىڭ شەرقىدىكى بەدەخشان، ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «ئاز دەمغ... بېرىپ تارتۇق قىلىشى دائىملىق، دائىمسىز بولغان؛ سودا بېجى بەلگىلىك مىقدارلىق بەلگىلىك مىقدارسىز بولغان» («شېڭۋۇجى» 4 - توم). ياپونىيە ئالىمى زو كۇتۇنىڭ قارىشىچە، قوقەند ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى بۇخارا، بەدەخشان، ئافغان قەبىلىلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەرەلسىز تارتۇق قىلىدىغان دۆلىتى مەۋقەسىدە چىڭ سۇلالىسى بىلەن تارتۇق تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان (11). خاۋۋس: نازبات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى ياكى ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت چىڭ سۇلالىسىغا تارتۇق قىلىپ تۇرغان. چيەنلۇڭ خان ئۇنى «ئوغلۇم» دەپ ئاتىغان دەيدۇ (12). كۇروپاتكىن: «قوقەند ھۆكۈمرانى ئېردانا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى نازبات بەگ ئۆزىنى چىڭ ئىمپېراتورى ھىمايىسى ئاستىغا قويغان» (13) دەپ كۆرسەتتى. ئادەمس: «بۇ ئۆلكىلەر قوقەندكە «چيەنلۇڭ خانلىقىنىڭ ئۇزۇن يىللىرىغىچە — 1795 - يىلىغىچە — قەرەللىك ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرغان» (14) دەپ قارايدۇ. مورىتىش گۇلان:

چوڭگونىڭ دىپلوماتىيە تاكتىكىسى يېراقتىن ئولپان تۆلەشكە كىرگۈچىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى خالايتتى. گۇ خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنىڭ دۇنيانىڭ چەت ياقىلىرىغىچە يېتىپ بارغان شۆھرىتىگە ئاقىلانە قانائەت قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى رولى: قوقەندتە پاشقا بارلىق چايلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ھەركەتچان بولۇشنى ھساپقا ئالمىغاندا، پەقەت تەۋە، ئولپان تۆلىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېپىلىقىنى ساقلاپ قېلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمەت قىلىشىنى ۋە ئىمپېراتورلۇقنىڭ زېمىنىنى قوغداشنى تەلەپ قىلاتتى» ⑮ دەپ تەكىتلەيدۇ. بارتولد: «قارمۇقلار دۆلىتى يوقىتىلغاندا، جۇڭگو ئىمپېراتورلىقىنىڭ چېگراسى پەرغانىگە يېتىپ كەلگەن (1758 - يىل)، ئېردانا جۇڭگوغا بېقىنىشنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان» دەيدۇ.

بۇ چاغدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەند، چايلاشقان پەرغانە ئويمانلىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى بېقىندى قىلىۋېلىش خاراكتېرىدە بولۇپ، خېلى دەرىجىدە ھەقىقەتەن نامىي جەھەتتىكى تەركىبى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ پۈتۈنلەي نامىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايتتى. چىڭ خانلىقى قوقەندنىڭ باج-سوغىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئوردىغا كەلگەن ئەلچىلەر، ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش، تاۋار-دۇردۇن، قاچا-قۇچا ئىنئام قىلىپ، «خانىڭ داغدۇغا، ئىلتىپاتى» نى بىلدۈرۈش بىلەللا قالماستىن، بەلكى قوقەندتىن «قانۇنغا رىئايە قىلىش»، «ھەممە ئىشتا قەشقەر، يەكەندە تۇرۇشلۇق مەسلىھەت ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئەمەل قىلىش» نى تەلەپ قىلاتتى. بۇ خىل تەلەپ ئېغىزدا ئېيتىش بىلەن توختاپ قالغىنى ئەمەس. قوقەند ئوشنى بېسىۋالغاندا ئۇنىڭغا بۇيرۇق بېرىپ قايتۇرغۇزغانلىقى، يەنى ئوش ۋەقەسى بۇنىڭغا روشەن مىسال بولىدۇ. ئوش (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوش شەھىرى) ئەسلىدە بۇرۇتلارنىڭ ئېدىگىنا قەبىلىسىنىڭ كۆچمەن چارۋا باقىدىغان جايى ئىدى. 1762 - يىلى يازدا، قوقەند ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئوشنى بېسىۋالغان. چىڭ ھۆكۈمىتى شۇئان قوقەندكە: «كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغانلىقىڭ خانىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى» نى ئاگاھلاندۇرۇپ، قوقەندنىڭ ئوشتىن چېكىنىپ چىقىشىنى بۇيرىغان («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 666 - جىلد، 20 - بەت). 1763 - يىلى ئەتىيازدا، قەشقەرنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى يۇڭگۈي زامىجىتنى قوقەندكە ئېۋەتىپ «ئېردانا غا پايدا-زىياننى كۆرسەتكەن» («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 683 - جىلد، 1-بەت). چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا-قايتا ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن، قوقەند 1764 - يىلى ئوشتىن چېكىنىپ چىققان. («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 710-جىلد، 15 - 16 - بەتلەر). ئوش ۋەقەسىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئامبىلىنىڭ قوقەندنى ئەمەلىيەتتە باشقۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا قوقەندنى پامىرنىڭ غەربىدىكى قازاق، بۇرۇت، بەدەخشان، بولۇر، كەنجۇت، ئافغان، ھىندىستان قاتارلىقلار بىلەن تەڭ قاتاردا قويۇپ «بېقىندى» («غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»)، «شىنجاڭدىكى بېقىندى قەبىلە» («بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش تەزكىرىسى»)، «سىرتقى قەبىلە» («ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تەزكىرىسى»)، «چېگرا سىرتىدىكى قەبىلىلەر» («شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»)، «بېقىندى دۆلەت» («چىڭ سۇلالىسى تارىخى ئورگىنالى») دەپ ئاتىغان. لېكىن قوقەندنى بۇ قەبىلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئورنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان. چىڭ سۇلالىسى قازاق، بۇرۇتلارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارىغان، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى زىچ بولغان، خۇددى ۋېي يۈەن ئېيتقاندەك: «شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي يوللىرىدا، سىرتقى قەبىلىلەر ئوراپ تۇرماقتا، ئەمما ئۇلاردىن زېمىنى يېقىن تۇتاش بولۇپ، بىز ئۈچۈن مۇداپىئە توسىقى بولۇۋاتقىنى پەقەت قازاق، بۇرۇت ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت» («شېڭۋۇجى» 4-توم)، قازاقنىڭ ئوتتۇرا يۈز، ئۇلۇغ يۈز قەبىلىلىرى ھەر يىلى دېگۈدەك بېيجىڭگە تارتۇق قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنى دائىم يەڭگۈشلەپ تەيىنلىگەن، بۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قوقەندنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ قويۇق بولغان. قوقەندتىن يىراقتىكى ئافغان، بۇخارا، ھىندىستانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يىراقلاشقان. ئافغانلار «تاسادىپىي بىر قېتىم تارتۇق قىلغان» لىقى ئۈچۈن، «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى بېقىندى دۆلەت» دەپ قارالغان، («شېڭۋۇجى» 4-توم). بۇ چاغدا ئافغانلارغا مەشھۇر ئەخمەتشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ «كۆچۈپ يۈرۈپ، ھىندىستانغا 6 قېتىم تاجاۋۇز قىلغان، شىمالىي ھىندىستاننىڭ يېرىمىدىن ئارتۇغراقىنى بېسىۋالغان». بۇنىڭدىن شۇنداق قاراشقا كېلىش مۇمكىنكى، ئافغانلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولغان دېگەنگە كۆرە «جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولغان» دېگەن تۈزۈك («چىڭ سۇلالىسى تارىخى ئورگىنالى» 529-جىلد). چيەنلۇڭنىڭ 28-يىلى 1-ئاينىڭ ... كۈنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەند، بەدەخشان بىلەن ئافغانغا بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم-ئايرىم تارقاتقان يارلىغى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. قوقەند، بەدەخشانغا بەرگەن يارلىقتا بۇرۇتلارنىڭ ئېدىگانا، چىرىك قەبىلىلىرىگە ئوخشاشلا «خانلىقنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىڭلار»، «ھەممە ئىشتا قەشقەر، يەكەندە تۇرۇشلۇق ئامباللارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئەمەل قىلىڭلار» دېگەن سۆزلەر بولسىمۇ، ئافغانلارغا بۇنداق ئوچۇق تەلەپ قويۇلمىغان. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئافغانلارنى ئىدارە قىلىشى راستىنلا پۈتۈنلەي نامى جەھەتتە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇقۇرقى بايانلارنى خۇلاسىلىغاندا، قوقەند چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى بېقىندى دۆلىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئورنى.

قازاق، بۇرۇتلارنىڭكىگىمۇ ئوخشايدىغان، ئافغان، ھىندىستانلىقلارنىڭكىگىمۇ ئوخشايدىغان،
ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېگەندەك ئەھۋالدا بولۇپ، ئومۇمەن بەدەخشان، بولۇر قەبىلىلىرىنىڭ
ئورنىغا ئوخشاپراق كېتەتتى. خېلى ۋاقىت ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدا تۇرۇشلۇق
ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ھەم خېلىلا مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان.
سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتورلىرى: 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى چىڭ خانلىقى
ئوتتۇرا ئاسىيادا پۈتۈنلەي كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن، ئۇ «بېقىندى» دېگەن
شەكىلنى قوقەندگە تېڭىشقا ئۇرۇنغان، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ تارىخىي ئاساسى يوق.
چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرا سىرتىدىكى بېقىندىلارغا قاراتقان تەۋە قىلىۋې-
لىش سىياسىتى «ھەرگىز ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ۋىلايەت، ناھىيە قىلىۋېلىپ، ئەمەل-
دارقويۇش ئەمەس»، خانىنىڭ گەپ - سۆز تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت بولغان،
شۇنىڭدەك قالقانلارنى خۇشۇنلارغا بۆلۈپ، زەنگى تەسىس قىلغانغىمۇ ئوخشىمايدۇ» («چىڭ
سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 543 - جىلد. 13 - بەت).
چيەنلۇڭنىڭ بۇرۇتلارغا بەرگەن بىر پارچە يارلىقىدا «سىلەر ئەگەر قازاقلارغا ئوخشاش
تەلەپ قىلىپ كېلىپ ئەل بولساڭلار، ئىلگىرىكىدەك خاتىرجەم ئۆتىسىڭلار ھەققىدە
بۇيرۇق بېرىمەن، كىيىمىڭلارنىڭ رەڭگى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، مەنسەپ ئۇنۋانى بېرىلمەيدۇ،
باج-سېلىق قويۇلمايدۇ، پەقەت ئەلچى ئېۋەتىپ مەندىن (خان ئۆزىنى دېمەكچى-ت)
ئامانلىق سوراپ تۇرساڭلا، ئەلتىپا تەمغا ئېرىشىسىلەر؛ سىلەرمۇ سىرتقى بېقىندىلەر ئادىتى
بويىچە، جۇڭگودىن باشقىچە بولۇسىلەر، سىلەرنى ئەسلىمۇ قىلىپ بويسۇندۇرماقچى
ئەمەسمىز، ئۆز ئىختىيارىڭلارچە بولۇسىلەر، لېكىن ئۆز قەبىلىلىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇپ،
چېگرانى مەڭگۈ ساقلىساڭلار، ۋەقە تۇغدۇرمىساڭلار، مەن قوشۇن تارتىپ پاراكەندە قىلمايمەن»
دەپ ناھايىتى ئوچۇق ئېيتقان («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى
خاتىرىسى» 555 - جىلد، 33 -، 34 - بەتلەر). بۇنىڭدا تەكىتلەنگىنى: ئەل بولۇشنىڭ
ئىختىيار قىلىش پىرىنسىپى بويىچە بولىدىغانلىقى؛ ئىزدەنگىنى: ئۆز ئارا پاراكەندە قىلىشـ
ماسلىق، تىنچ - ئىناق خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسى قوقەندگە
زادىلا قورال كۈچى ئىشلەتمىگەن، قوقەندنىڭ خوشنا قەبىلىلەر بىلەن بولغان ماجرا ۋە
ھۇجۇملىرىغا ئارىلاشمىغان ۋە ئۇنى قوللىمىغان. چيەنلۇڭنىڭ 32 - يىلى (1767 - يىلى)،
42 - يىلى (1777 - يىلى) ئابلەي ئىككى نۆۋەت چىڭ ھۆكۈمىتىدىن قوقەندكە ھۇجۇم
قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر قەرز بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قاتتىق
ئېيىپلاپ: «قازاق، قوقەند ھەممىسى ماڭا ئەل بولغان خەلق»
«ئۆز خەلقىدىن بىرسىنىڭ يەنە بىرسىگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىش نەدە

باردىكەن» ، «بۇنداق قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى پەقەت ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئەگەر قىرغىن بولۇپ، ئۆز ئارا ئۆچ ئېلىشساڭلار، بۇنى قانداق توسقىلى بولىدۇ، بۇ، ئىككىلا تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ چىقىم تارتىدىغان ئىش بولىدۇ»، «ياخشى، كۆچمەن چارۋا باقىدىغان جايىڭلارنى ئوبدان ساقلاپ، ئىناق خوشنا بولۇشۇپ، مېنىڭ ئىلتىپاتىمنى كۈتۈڭلار، ھەرگىز يامان خىياللاردا بولۇپ، خوشنا ئەلگە بالايى - ئاپەت يەتكۈزمەڭلار» دېگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 793 - جىلد، 20 - بەت؛ 1024 - جىلد، 10 - بەت).

جياچىڭنىڭ 14 - يىلى (1809 - يىلى) قوقەند بېگى ئالىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەسلىھەت ئامبىلىغا ماختىنىپ: «تاشكەنت شەھىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 4 مىليون ئاھالىسىنى (؟) كۆرمان دېگەن جايدا تۇرغۇزدۇم، يەنە 30 مىڭ چەنچى قۇلىنى ئەنجاندا تۇرغۇزدۇم» دېگەن. نايەنچىڭ شۇ ئان جاۋاپ بېرىپ: «ھەي ئۇيغۇر بالىسى، سەن ھامان دۇنيادىن خەۋەرسىز. تاسادىپى بىر جەڭ بىلەن غەلىبە قىلىپ تاشكەنتنى ئالدىم دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، بۇ، بەكمۇ كۈلكىلىك!»، «سەن بولساڭ ئاز سانلىق مىللەت، ئۆز زېمىنىڭنى ساقلاپ، خەلقىڭنى خاتىرجەم قىلىپ، خوشنىلىرىڭ بىلەن ئىناق بولۇپ، تىنچ ئۆتكىنىڭ تۈزۈك، ئەگەر باشقا جايلارنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالساڭ، كەلگۈسىدە زور زىيان تارتىسەن» دەپ ئېيتقان. («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى»، 19 - جىلد، 18 — ، 21 - بەتلەر)؛ بۇ تارىخى ماتېرىياللار: ئەينى ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىتى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، تىنچ - ئىناق خوشنىدارچىلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەندگە قارىتىلغان سىياسىتىنى كونكرېت ھالدا سىياسى، ئىقتىسادىي تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىمىز:

«ئىلتىپات، ھەيۋىنى تەڭ قوللىنىش» — ئىزنىڭ سىياسى جەھەتتىكى مۇھىم پىرىنسىپى. «ئىلتىپات» دېگىنى «ئومۇمەن ئۆزگىرىپ ئەل بولغانلارنى بېقىش» تىن ئىبارەت. ئىزنىڭ پۇخراسى بولغان ئىكەن، نەپىقە بېرىشكە توغرى كېلىدۇ، «پادىشاغا ھۆرمەت بىلەن باش ئەگىپ، قۇلچىلىق قىلسىلا»، «ئۆز قەبىلىسىنى چىڭ تۇتسىلا»، «چەكسىز بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ» («چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 596 - جىلد، 24 - بەت؛ 606 - جىلد، 1 - بەت) «ھەيۋە» دېگىنى «مەن ئالدى بىلەن قورقۇتۇپ قويسام، ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، چاتاق چىقارمايدىغان بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 683 - جىلد، 1 - بەت) مەسىلەن، ئوش ۋەقەسىدە (1765 - يىلى) چىڭ خانلىقى ئوشتىن كىمدۇ بىرىسىنىڭ «ئېردانا بەگدىن ياردەم

تەلەپ قىلغان » لىقىنى ئاڭلاپ، « بۇنداق ئەھۋال بولغان بولسا، مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ قوشۇن يۆتكەپ جازا يۈرۈشى قىلىش » نى ئويلىغان (« چىڭ سۇلالىسى
خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى » 730 - جىلد، 17 - بەت) . ئېھردانا،
ئىنتايىن قورقۇپ دەرھال ئىلتىماس يېزىپ: « ئاتا-ئانىلىرىمنىڭ كىچىك ئادەملەرنىڭ گېپىگە قۇلاق
سالماسلىقلىرىنى سورايمەن » دەپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشقان، بۇ ئىشمۇ قايتا تىلغا
ئېلىنمىغان (« چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى » 741 -
جىلد، 11 - بەت). يەنە شۇنىڭدەك، چيەنلۇڭنىڭ 54 - يىلى (1789 - يىلى)
چىڭ ھۆكۈمىتى قوغلاپ تۇتماقچى بولغان ئاسىيلار ئەۋلادى سامساقنى ناربات قولغا چۈشۈرۈپ
ئەۋەتىپ بەرمەي ئۆز مەيلىچە قويۇپ بەرگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن خەۋەر
تېپىپ غەزەپلىنىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوقەند ئەلچىسىنىڭ خان ھوزۇرىغا كېلىشىنى
توختىتىپ، جازالىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن چيەنلۇڭ نارباتنىڭ
« ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ »، « ئۆزىنىڭ ئەخمەق بەگ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قايتا
ئىلتىماس قىلغانلىقىغا قاراپ، ئاندىن ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىگىنىڭ بېيجىڭگە خان
ھۇزۇرىغا كېلىشىنى تەستىقلىغان (« چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى »
1404 - جىلد، 22 - بەت). ئۇنىڭدىن قالسا، قوقەند ھۆكۈمرانى پەقەت بەگ
دەپ ئاتالغان، خان ئاتالمىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ نەزىرىدە، قوقەند پەقەت چېگرا
سىرتىدىكى بىر « كىچىك قەبىلە » بولۇپ، موڭغۇل، قازاق خانلىرىغا تەڭ قىلىشقا
بولمايتتى، ئەگەر ئۆزىنى خان دەپ ئاتىسا، ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىق جىنايىتى ھېساپ-
لىناتتى. چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) ئېھردانا ئۆزىنى خان ئاتاش
غەرىزىدە بولغان ۋە « قەشقەر چوقىسىنى چېگرا قىلىش » نى ئوتتۇرىغا قويغاندا،
چىڭ ھۆكۈمىتى شۇ ئان قاتتىق رەددىيە بېرىپ: « ئەۋەتكەن خەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىدە
بەگ دەپ كەلگەن ئىدىم، نىمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى خان ئاتىماقچى بولۇۋسىز؛ يەنە قەشقەر
چوقىسىنى چېگرا قىلىش ھەققىدە قاچان مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئالغان...... مۇندىن كېيىن خەت
يازغاندا، پەقەت ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ ئىناۋىتىڭىزنى ساقلاڭ. بۇرۇنقى خاتالىقنى
تەكرارلاپ جىنايىتىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويماڭ » دېگەن (« چىڭ سۇلالىسى خانى
گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى » 676 -- جىلد، 23 - بەت) 1797٠ - يىلى
پادىشا جياچىڭ نارباتقا چېگرانى پاراكەندە قىلغان غوجا ئەۋلادىنى قوشۇن تارتىپ
توسىغانلىقى ئۈچۈن بېلى ئۇنۋانى ۋە ئۈستىگە گۆھەر قويۇپ ئىشلەنگەن ئۈچ كۆزلۈك
كۆللۈك جەركە (ئۇ تاغات) ئىنئام قىلماقچى بولغاندا، ۋەزىرىنىڭ قارشىلىقىغا
ئۇچراپ بەرمىگەن (« چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى »
21 - جىلد، 13 - بەت؛ 24 - جىلد، 10 - بەت) . ئۇنىڭغا بېلى ئۇنۋانى بېرىلگەن

تەغدىردىمۇ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنالچىسى (جۇڭۋاڭى) ئەمىن غوجا قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا تەڭ كەلمەيتتى. پەقەت ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېلىسى قادىرغا ئوخشاش 2-دەرىجىدىكى بەگلەر ئورنىغا ئوخشاش كېلەتتى. يەنە بىرى، **ئىچكى-سىرتقى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغان.** ۋېي يۈەن: «پامىر ئاساس قىلىنىپ شەرقى شىنجاڭ، غەربىي بېقىندى دۆلەت»، «پامىردىن ئۆتكەندە يەنە غەربىي شىمالى ئەنجان، غەربىي جەنۇبى بەدەخشان، ئافغان بولۇپ، گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ شەھەر دۆلىتى بولسىمۇ، لېكىن چوققىنىڭ غەربىدىكى بېقىندى دۆلەتلەر چوققىنىڭ شەرقىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ئەمەس ئىدى». («شېڭۇۇجى» 4-توم) شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەينى ۋاقىتتا «سىرتقى بېقىندى» «سىرتقى قەبىلە»، «ئىچكى بېقىندى»، «ئىچكى تەۋە» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملار توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا، پامىرنىڭ شەرقى ۋە غەربىگە قارىتا، چىڭ سۇلالىسى كۆپىنچە «ئىچكى تەۋە» دېگەنگە قارىمۇ قارشى ھالدا «سىرتقى بېقىندى» دەپ ئاتىغان، بۇنىڭ چەك-چېگرىسى روشەن بولغان. مەسىلەن، چيەنلۇڭ 1761-يىلى ئەنجانلىق سودىگەرنى بۇلىغان بۇيرۇتلارنىڭ چوڭ باغىش ئاقساقىلى ئۆمەر بېيىنى جازالاش ۋاقتىدا: «چوڭ باغىشلار قەشقەرگە تەۋە بولۇپ، سىرتقى بېقىندى ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمايدۇ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا ئادىل بولۇش كېرەك ...... ئۆمەر بېيى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ بۇلىغان، قانۇن يوسۇنچە جازا بېرىلىشى كېرەك» دېگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 698-جىلد، 15-بەت). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە چېگرا ئامبىلىغا چازا سىرتىدىكى سىرتقى بېقىندىلەرگە قارىتا «ئەگەر ئۆز ئارا بۇلاش ئەھۋالى يۈز بېرىپ ئەرز قىلىپ كەلسە، بۇنىڭغا ئوخشاش بېجىرىش ھاجەتسىز» دەپ بۇيرۇق بەرگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 625-جىلد، 13-بەت). قوقەند بىلەن باشقا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى ئوغۇرلاش-بۇلاش ئەھۋالىنى چىڭ ھۆكۈمىتى ئادەتتە «سىرتقى بېقىندىلەرنىڭ ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشى، ئۆز ئارا نېرى-بېرى ئەھۋاللار بولىدۇ» دەپ قاراپ، سۈرۈشتۈرۈشنى زادىلا خالىمايتتى. («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 678-جىلد، 7-بەت). يەنە شۇنىڭدەك، 1764-يىلدىكى ئابدۇرېھىم ۋەقەسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى ئالساق، قەشقەرنىڭ ئىشخانا بېگى ئابدۇرېھىم سىرتقى بېقىندىلەر تەۋەسىگە سودا قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەندە «ئىچكىرىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارلاپ قويغان»، بولۇپمۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسى زامجىت قوقەندكە بېرىپ ئۇنىڭدىن بېسىۋالغان ئوشنى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتىدا، ئابدۇرېھىم خۇپىيانە ئادەم ئەۋەتىپ ئىردانىغا خەۋەر يەتكۈزگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەقىل

كۆرسەتكەن. پادىشا چىيەنلۇڭ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سۈرۈشتۈرگەن. ئۇ: «ئومۇمەن ئىچكىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز مەيلىچە سىرتقى بېقىندىلەرگە ئاشكارىلاپ قويغۇچىلار بولسا، ئۇنىڭ جىنايىتى ئاسىيلىق بولىدۇ» دەپ جاكالىغان («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 707 - جىلد، 10- بەت). ئوتتۇرانچى ۋەزىر ئۇجى بۇيرۇققا بىنائەن سوراققا تارتىپ ھۆكۈم قىلغاندا: «ئابدۇرېھىم قوقەندگە خەۋەر بېرىپ ئاسىيلىق قىلغان، ئۇنىڭغا يالغۇز ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندە ئازلىق قىلىدۇ، ئابدۇرېھىمنى قىيما - چىما قىلىپ، كاللىسىنى ئېسىپ سازايى قىلىش كېرەك» دېگەن. («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 715 - جىلد، 3 - بەت). ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىللە ئوخشاش جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئېبردانا تۇغرىسىدا ئاران يارلىق چۈشۈرۈپ، «سىز ئەل بولغاندىن بۇيان، ھۆرمەت بىلەن بويسۇنۇپ كەلگەن ...... ئاسىي جىنايەتكار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، ئەسلى ئۆز نىيىتىڭىز ئەمەس ...... ئىلتىپاتقا لايىق ئىش قىلمىغان بولسىڭىزمۇ، جىنايىتىڭىزنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ» دېگەن. بۇيرۇقتا يەنە، ئىلى قاتارلىق جايلاردا كۈچلۈك قوشۇن بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ بىر ھەيۋە قىلىنغان، مەقسەت ئۇنى «ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ، بېقىندىلىقىنى ساقلا» دېمەكچى («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 75 - جىلد، 5 - بەت). شىنجاڭدىكى «ئىچكى تەۋە» لەر بىلەن «سىرتقى بېقىندى» لارنىڭ جىنايىتى ئوخشاش بولسىمۇ، جازا ئوخشاش بولمىغان. «ئىچكى تەۋە دېگەنلەر» بۇلاڭچىلىق قىلسا قاتتىق جازالىغان، ئەمما سىرتقى بېقىندى- لەرنى بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز بولغان، «ئىچكى تەۋە دېگەنلەر» «سىرتقى بېقىندى» بىلەن ئالاقىلىشىپ ئوخشاش ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىدىكى خەندەك «ئىچكى، سىرتقى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار» لىقىنى رۇشەن بىلدۈرىدۇ.

قوقەند سىياسى جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىغا «ھۆرمەت بىلەن باش ئەگكەن» بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەندگە قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسىتى سودا قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ باجنى كېمەيتىشتىن ئىبارەت بولغان. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «ئۇيغۇرلار بۇيرۇت، ئەنجان، قوقەندتە سودا قىلسا، ئىلى، يارلار قازاقلار بىلەن سودا قىلسا، ئىككى تەرەپكە ئوڭايچىلىق بولىدۇ» دېگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 787 - جىلد، 11 - بەت). ئەسلى بەلگىلىمە بويىچە چېگرا سودىسىدا، شىنجاڭ ئىچكىرىنىڭ سودىگەرلىرىدىن 01/ 1 باج ئالسا، قوقەند قاتارلىق سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەردىن 20/ 1 بويىچە باج ئالاتتى. قوقەند ئەل بولۇپ ئىككىنچى يىلى (1760 - يىلى) باج كېمەيتىلگەن. شىنجاڭ ئىچكىرىنىڭ سودىگەر-

لىرىدىن 1/20، سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەردىن ئاران 1/30 بويىچە باج ئالغان («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 605 - جىلد، 10 - بەت). يەنە قوقەند قاتارلىق سىرتقى بېقىندىلەر ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق قىلىشقا كىرسە «قائىدە بويىچە باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن («ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمى تەزكىرىسى» 9 - جىلد). چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى تېچ - ئىناق خوشنىدارچىلىق سىياسىتى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سودا قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ باجنى كېمەيتىش سىياسىتى ئوتتۇرا ئاسيانىڭ شەرق قىسمىغا يېرىم ئەسىرلىك خاتىر-جەملىك، ئىقتىسادىي گۈللىنىش كەلتۈرۈپ بەرگەن. قوقەند ئەل بولۇپ ئىككىنچى يىلى (1760 - يىلى) «ئۇيغۇرلار رايونىدا تىپ - تىنىچلىق بولۇپ، بۇ يەرگە بۇيرۇت، قوقەند، ئەنجان، مەرغىلان قاتارلىق جايلارنىڭ تىجارەتچىلىرى داۋاملىق كېلىپ تۇرغان» «توپ - توپ كېلىپ - كېتىپ تۇرغان» («چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 605 - جىلد، 10 - بەت، 623 - جىلد، 6 - بەت). ئۇزاق ئۆتمەيلا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى ئوتتۇرا ئاسيا سودىسىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەردە «ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن سىرتتىن كەلگەنلەر كۆپىيىپ، كوچا - بازارلاردا گىرەلىشىپ كەتكەن، چايخانا، قاۋاق، سارايلاردا مىژقىراپ كەتكەن» («ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمى تەزكىرىسى» 9 - جىلد). «ھېيت - بايرام، يىغىلىش مەزگىللىرىدە ماللار دۆۋىلىنىپ، ئادەملەر مىژقىرىشىپ كېتىدىكەن، ئاجايىپ غارايىپ نەرسىلەر دائىم بولۇپ تۇرىدىكەن، مال - چارۋا، يەل - يېمىش ھەددى ھىساپسىز ئىكەن» («غەربىي رايوندا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە» 3 - جىلد). بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسيا خەلقىنىڭ دوستانە ئالاقە قىلىشىدا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خۇددى بەزى ئالىملار كۆرسەتكەندەك: «جۇڭگو ھاكىمىيىتى تېزدىنلا بۇ جاينى ئوتتۇرا ئاسيا بويىچە ئەڭ گۈللەنگەن، بەختلىك رايونغا ئايلاندۇرغان» (18). 1820 - يىلىدىكى ئەھۋالنى 1790 - يىلىدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى زور مىقداردا كۆپەيگەن - ئاشقان، قەشقەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، تىۋار ئىگىلىكى ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ئاسيا بويىچە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان (19).

## (3) قوقەندنىڭ تەدرىجى ئايرىلىشى

### (1810 - 1820 - يىل)

قوقەند 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى ئون يىلىدىن باشلاپ تەدرىجى ئايرىلىپ كەتكەن، بۇ، چىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە قوقەندنىڭ ئوتتۇرا ئاسيادا باش كۆتىرىپ

چېكىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چىڭ خانلىقى كاڭشى، يۇڭجېڭدىن چيەنلۇڭغىچە بولغان ئۈچ خان دەۋرىدە تازا گۈللەنگەن. 1792 - يىلى پادىشا چيەنلۇڭ «ئون چوڭ نەتىجە خاتىرىسى» نى ئىشلەپ، ئۆزى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋاقىتتىكى ئون چوڭ ھەربىي نەتىجىنى مەدھىيىلىگەن. لېكىن كىرىزىس دەل مۇشۇ «ئون چوڭ نەتىجىنى كۆرسە- تىش» جەريانىدا پەيدا بولغان. كىشىلەرنىڭ ئىستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، «ئون چوڭ ھەربىي نەتىجە» دەپ ئاتالغان بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا چىقىم بولغان بىۋاستە ھەربىي خىراجەت 103 مىليون 180 مىڭ سەرگە يەتكەن[20]. مالىيە كۈچى، دۆلەتنىڭ كۈچى مۇشۇنىڭ بىلەن زور مىقداردا خورىغان، چىڭ سۇلالىسى رۇشەن ھالدا زاۋاللىققا قاراپ ماڭغان. چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن جياچىڭ يىللىرىغىچە، سىياسىي جەھەتتە كۈندىن كۈنگە چىرىكلەشكەن، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك، قانۇنسىزلىقلىرى تازا ئەۋج ئالغان. ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق كىرىمى 70 مىليون سەر بولۇپ قالغان، خې شېن 20 يىل باش ۋەزىر بولۇپ، ئۇنىڭ توپلىغان بايلىقى بىر دۆلەتنىڭ 20 يېرىم يىللىق كىرىمىدىن ئېشىپ كەتكەن. ھەتتا خې شېننىڭ ئائىلە قۇلى لىيۇ چۈەننىڭ ئائىلە مۈلكىمۇ 200 مىڭ سەردىن ئېشىپ كەتكەن («چىڭ سۇلالىسى تارىخى ئورگىنالى» 319 - جىلد). بۇ چاغدا يەر يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، ئېقىپ يۈرىدىغانلار كۆپلەپ ۋۇجۇتقا كەلگەن، سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشكەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى ئارقا — ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، پەقەت جياچىڭ يىللىرىدىلا بەيلەن دىنىدىكىلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون نەچچە يىل كەتكەن، بۇنىڭغا كەتكەن ھەربىي خىراجەت يۈز مىليون سەردىن ئاشقان. ئۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كىرىزىسى چوڭقۇرلاشقان، «كۈنى ئاخىرلىشىپ، پاجىئە بورىنى يېتىپ كېلىپ» «زاۋال تېپىش» ھالىتىگە كېلىپ قالغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئالدى بىلەن چېگرا مۇداپىئەسىنى بوشاشتۇرغان. جياچىڭ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئەسكىرىي كۈچنى تېجەش سەۋەبى بىلەن، يەڭگۈشلەپ تۇرۇلىدىغان مۇداپىئە قوشۇنى قوشۇمچە چېگرا كۆزەت- چىلىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مۇداپىئە بىلەن چېگرا كۆزەتچىلى- كىنى بىر ئىش قىلىپ قويغان، كۆزەت قىلىدىغان چېگرا بارغانسېرى يىغىنچاقلاشقان، بارغانسېرى ئىچكىرىگە قاراپ سۈرۈلگەن، ئەمەلىيەتتە بىر مۇنچە جايلاردىكى چېگرا كۆزەتچىلىكى تاشلىۋېتىلگەن. بەزى جايلاردىكى يۆتكەپ ۋە كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان قاراۋۇللارمۇ بارا - بارا ئەمەلىيەتتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان[21]. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جايلارغا تەيىنلىگەن ئامباللىرى، يەرلىك ئەمەلدارلار خىيانەت، شەھۋانىيلىق، شەپقەتسىزلىككە بېرىلىپ كەتكەن.

مەسىلەن، قەشقەرنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى بېگىجىنغا ئوخشاشلارنىڭ نومۇسسىزلىقى چېكىدىن ئاشقان، «زەڭگە، بەگلەر نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئۆزلىرىنى بېيىتقان ...... ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، غەزەپ - نەپرەتلىرى كۈچەيگەن» («شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 115 - جىلد) ئىلى سەركەردىسى سۇڭجۈن قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى يۈنۇسنىڭ ئەرزىسىنى (1814 - يىلى)، زىياۋۇدۇن — تۇردى مەھەممەت ئەرزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قانۇنىنى بۇزۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە قارىمۇ-قارشىلىقنى كېڭەيتىۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇر كىرىزىس ئىچىدە قالغان.

قوقەندىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، پۈتكۈل 18 - ئەسىردە، قوقەندىنىڭ تەسىرى پەرغانە ئويمانلىقىدىن چىقمىغان. قوقەندىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئالىمدىن باشلانغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان ۋە ئۆزىنىڭ نامىدا تىللا قۇيدۇرۇشقا باشلىغان ㉒. 1809 - يىلى تاشكەنتنى تارتىۋېلىشى قوقەندىنىڭ كېڭەيمىچىلىك تارىخىدىكى بىرىنچى قەدەم، شۇنداقلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قەدەم ھېساپلىنىدۇ. تاشكەنت — پەرغانە ئويمانلىقى بىلەن قازاق، رۇس، شىرۋا، بۇخارا سودىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى ئىدى. قوقەندىنىڭ تاشكەنتنى كونترول قىلغانلىقى خانلىقىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆمەر (1810 — 1822 - يىل) تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، 1814 - يىلى تۈركىستان شەھرىنى ھۇجۇم بىلەن بېسىۋالغان ㉓، 1815 - يىلى تۈركمەنلەرنى بويسۇندۇرغان، 1817 - يىلى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ئاق — مەچەك قەلئەسىنى سالغان ㉑. قوقەند شەرققە قاراپمۇ كېڭىيىپ، ئوشنى قايتا بېسىۋالغان. چىڭ سۇلالىسىغا تەۋە ئېرگانا قەبىلىسى قاپلان — سۇت بۇلاق دېگەن جايلارغا چېكىنگەن. ۋە مۇشۇ ئىككى چوققىنى چېگرا قىلغان، «چوققىنىڭ شەرقى ئۇيغۇرلارغا، چوققىنىڭ غەربى قوقەندگە تەۋە بولغان» («غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» 1 - جىلد). مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە قوقەندىنىڭ تەسىرى ئاندىن جۇڭگو چېگراسىغا يەتكەن.

ۋاھالەنكى، قوقەند فېئودالىرىنىڭ كېڭىيىشى ھەم ئادەتتىكى ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق فېئودالىرىنىڭ ھەربىي نەتىجىسىگە ئوخشىمايتتى، ھەم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئوخشىمايتتى. قوقەندىنىڭ شەھەرلىرى تۈپ - تۈز ئەنئەنىۋى يىپەك يولى سودا لىنىيىسىگە جايلاشقان. بۇ چاغدا دېڭىز يولى قاتنىشى باشلانغىنىغا كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇقلۇق يول سودا قاتنىشى، رايون خاراكتېرلىك سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. جۇڭگونىڭ رەۋەن، چاي قاتارلىق

مەسىلەن، قەشقەرنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى بىڭجىنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ نومۇسسىزلىقى چېكىدىن ئاشقان، «زەنگە، بەگلەر نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئۆزلىرىنى بېيىتقان ...... ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، غەزەپ - نەپرەتلىرى كۈچەيگەن» («شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 115 - جىلد) ئىلى سەركەردىسى سۇڭجۈن قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى يۇنۇسنىڭ ئەنزىسىنى (1814 - يىلى)، زىيا ۋۇدۇن — تۇردى مەھمۇت ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قانۇننى بۇزۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە قارىمۇ-قارشىلىقنى كېڭەيتىۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇر كىرىزىس ئىچىدە قالغان.

قوقەندنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، پۈتكۈل 18 - ئەسىردە، قوقەندنىڭ تەسىرى پەرغانە ئويمانلىقىدىن چىقمىغان. قوقەندنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئالىمدىن باشلانغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان ۋە ئۆزىنىڭ نامىدا تىللا قۇيدۇرۇشقا باشلىغان㉒. 1809 - يىلى تاشكەنتنى تارتىۋېلىشى قوقەندنىڭ كېڭەيمىچىلىك تارىخىدىكى بىرىنچى قەدەم، شۇنداقلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قەدەم ھېسابلىنىدۇ. تاشكەنت — پەرغانە ئويمانلىقى بىلەن قازاق، رۇس، شىرۋا، بۇخارا سودىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى ئىدى. قوقەندنىڭ تاشكەنتنى كونترول قىلغانلىقى خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆمەر (1810 — 1822 - يىل) تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، 1814 - يىلى تۈركىستان شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن بېسىۋالغان ㉓، 1815 - يىلى تۈركمەنلەرنى بويسۇندۇرغان، 1817 - يىلى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ئاق — مەسچىت قەلئەسىنى سالغان ㉔. قوقەند شەرققە قاراپمۇ كېڭەيمەپ، ئوشنى قايتا بېسىۋالغان. چىڭ سۇلالىسىغا تەۋە ئېرگانا قەبىلىسى قاپلان — سۈت بۇلاق دېگەن جايلارغا چېكىنگەن. ۋە مۇشۇ ئىككى چوققىنى چېگرا قىلغان، «چوققىنىڭ شەرقى ئۇيغۇرلارغا، چوققىنىڭ غەربى قوقەندكە تەۋە بولغان» («غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» 1 - جىلد). مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە قوقەندنىڭ تەسىرى ئاندىن جۇڭگو چېگراسىغا يەتكەن.

ۋاھالەنكى، قوقەند فېئودالىرىنىڭ كېڭەيمىشى ھەم ئادەتتىكى ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق فېئودالىرىنىڭ ھەربىي نەتىجىسىگە ئوخشىمايتتى، ھەم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىستىلاچىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئوخشىمايتتى. قوقەندنىڭ شەھەرلىرى تۈپ - تۈز ئەنئەنىۋى يىپەك يولى سودا لىنىيىسىگە جايلاشقان. بۇ چاغدا دېڭىز يولى قاتنىشى باشلانغىنىغا كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇقلۇق يول سودا قاتنىشى، رايون خاراكتېرلىك سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. جۇڭگونىڭ رەۋەن، چاي قاتارلىق

توۋارلىرى قوقەند ئۈچۈن ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ئىدى. شۇنداقلا ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا ئەللىرى، ھەتتا رۇس، غەربىي ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئۈچۈنمۇ ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ئىدى. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا: جۇڭگودىن چىقىدىغان رەۋەن ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى سۈرگە دورىسى ۋە ئاشقازان دورىسى سۈپىتىدە پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان. 10 - ئەسىردىن بۇيان، جۇڭگودىن چىقىدىغان رەۋەن مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنىڭ ئارىلىقتىكى سودىسى ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا توشۇلغان㉕. گارسىئادا ئورتا: «خورمۇستىن ھىندىستانغا توشۇلغان رەۋەننىڭ ھەممىسى ئاۋال جۇڭگودىن تاتارلار رايونىدىكى ئۆزبەك رايونى ئارقىلىق خورمۇسقا توشۇپ ئاپىرىلغان»، «جۇڭگودىن چىقىدىغان رەۋەندىن باشقا پېرسىيە ياكى ئۆزبەكىستانغا توشۇلىدىغان، ئاندىن بۇ ئىككى جايدىن ۋېنىس ۋە ئىسپانىيەگە توشۇلىدىغان رەۋەن يوق» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ رەۋەننىڭ غەرپكە توشۇلۇشى ئاساسلىقى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق بولغان. چۈنكى رەۋەن قۇرۇقلۇق يولىدا توشۇلسا زىيان ئاز بولىدۇ، دېڭىزدا رەۋەن ئاسان سېسىپ قالىدۇ، يەنە دېڭىز يولىدا بىر ئايدا ئۇچرايدىغان سۈركىلىش قۇرۇقلۇق يولىدىكى بىر يىللىق سۈركىلىشتىن ئېشىپ كېتىدۇ㉖. قوقەند «مەخسۇس سودا بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا كەسپى يوق» («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 80 - جىلد، 36 - بەت). ئۇنىڭ سودىگەرلىرى رەۋەن، چاي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە «غەرپتىكى مىللەتلەرنىڭ نەرسىلىرى ئۇنىڭ دائىرىسىدىن ئۆتكەندە ئوتتۇرىدا باج ئېلىشقا تايانغان» («چېگرانى ساقلاش ھەققىدىكى توپلام»). بۇخارا سودىگەرلىرى ئاغرىنىپ: «بىز سودا ئىشلىرىدا ھامان قوقەند بىلەن ماڭىمىز، كەلگەندە قوقەند باج ئالىدۇ، قايتقاندا قوقەند يەنە باج ئالىدۇ، بۇ، ھەقىقەتەن بىزگە ئازاپ بولدى» دېگەن («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىپلوماتىيە تارىخى ماتېرىياللىرى» داۋگۇاڭ دەۋرى 2). قوقەند فېئوداللىرىنىڭ كېڭىيىشى پۈتۈنلەي شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى كونترول قىلىش ئارقىلىق رەۋەن، چاينىڭ قوقەند دائىرىسىدىن ئۆتۈش سودىسىنى ۋە ئارىلىقتا ئالماشتۇرۇش سودىسىنى مونوپول قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. قوقەند «سودىگەرچىلىكتە ماھىر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر» («شىنجۇڭجى» 4 - توم) بولۇپ، بەزىلەرنىڭ ئۇنى «ھەربى سودىگەرچىلىك دۆلىتى»㉗ دەپ ئاتىشىدا مەلۇم داۋالىسى بار.

ئۇ چاغدا قوقەند سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىگە كۆپلەپ ئېقىپ كىرىپ، ئۇزاق مۇددەت تۇرغان، بەزىلىرى ھەتتا ئۆي - زېمىنلىك بولۇپ بىر بۆلۈك تەسىرى كۈچكە ئايلانغان. ئۇلار ھەتتا ئەڭ كۆپ ئىقتىسادىي پايدىنى كۆزلەپ، يەرلىك ھاكىم بەگلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پارا ۋاستىسى ئارقىلىق چېگرا بېجى تۆلىمىگەن، بۇنداق قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلار چازىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن «قەشقەر بەگىنىڭ

قەبىلەمدىن باج ئالمايدۇ، دېگەن. شۇنىڭدەك باشقا قەبىلىلەرنىڭ ماللىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ھەممىسىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلغۇزۇپ، ئارىلىقتىن پايدا ئېلىپ ئۆزىنى بېيىتقان» («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 77 - جىلد، 12 - بەت). قوقەندنىڭ بېگى ئۆزىمۇ تارتۇق قىلىشقا كىرگەندە باج كىرىم قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تىجارەت قىلغان. جياچىڭنىڭ 15 - يىلى (1810 - يىلى) قوقەند بېگىنىڭ ئەلچىسى بېيجىڭدىن قايتىپ قۇمۇلغا كەلگەندە سېتىۋالغان تاۋارلىرى كۆپىيىپ كەتكەن، ئۇنىڭ يوتقان - كۆرپە، مال خالتىلىرىنى ھېسابلىغاندا 53 مىڭ جىڭغا يەتكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن 88 ھارۋا كېرەك بولغان، ھەربى بېكەت بۇنى چىقىرىپ بېرەلمىگەن («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 22 - جىلد، 34 - بەت). چىڭ ھۆكۈمىتى مۇشۇ سەۋەپتىن بەزى ئەھۋالنى چەكلەشكە مەجبۇر بولغان. بىرسى، «ئاتەڭگىز نارباتنىڭ ۋاقتىدىكىدەك 3، 5 يىلدا بىر نۆۋەت ئەلچى ئەۋەتىڭ، ھەر يىلى ئەۋەتىش ھاجەتسىز»؛ ئىككىنچىسى، «ھەر قېتىم كەلگەندە، خالتا بىردىن يۈزگىچە ھەتتا مىڭغىچە بولسۇن، ھەممىسىنىڭ يېرىم بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بۇ، نورما قىلىنىدۇ، مۇندىن كېيىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىپ ئاۋارە بولماڭ» دېيىلگەن («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 19 - جىلد، 18 - بەت). ۋاھالەنكى، ئىقتىسادىي پايدىغا بېرىلىپ كەتكەن قوقەند فېئوداللىرى بۇ چەكلىمىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغان، ئۇلار يەنىلا كەچۈرۈم تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان، يەنى يېرىمى كەچۈرۈم قىلىنغان (1/60) چېگرا بېجىنى تۆلىگىلى ئۇنىمىغان. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممىدىن بەك تاقەت قىلالماي كەتكىنى شۇنىڭدىكى، قوقەندنىڭ يېڭىدىن بولغان بېگى ئۆمەر ئۆزىنىڭ نامىنى ئالتۇندا يازغان. چىڭ پادىشاسىنى «دوست» دەپ ئاتىغان. چىڭ ھۆكۈمىتى «ئۇنىڭ مەلۇماتىدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ماختانغانلىقىنى» ئېيىپلىغان، جازالىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى قايتۇرىۋەتكەن (1817 - يىلى). ئەمما ئۆمەر بۇنىڭ بىلەن قورقۇپ كەتمىگەن، شۇنىڭدەك ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بەگلەرگە ئوخشاش كەمتەرلىك بىلەن باش ئېگىپ خان ھۇزۇرىغا بېرىشنى تەلەپمۇ قىلمىغان. زادىلا پىسەن قىلمىغان، ئىرەنمۇ قىلمىغان، ئۇنىڭ ئەلچىلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، قەشقەرگە كىرىپ - چىقىپ ئۇنىڭ تىجارىتىنى قىلغان. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1759 - يىلدىن 1809 - يىلغىچە قوقەند ئەلچىسى قەشقەرگە 23 قېتىم كەلگەن بولسا («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 19 - جىلد، 4 - بەت)، 1762 - يىلدىن 1820 - يىلغىچە قوقەند ئەلچىسىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى 48 قېتىمغا يەتكەن («ئۇيغۇرلار رايونىنى تېنىچلاندۇرۇپ، ئاسىيلار ئەۋلادىنى تازىلاش لايىھىسى» 3-جىلد، 35-بەت)، دېمەك 1810 - يىلدىن 1820 - يىلغىچە بولغان 10 يىلدا قوقەند ئەلچىسىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى 25 قېتىمدىن كەم بولمىغان، ئۆتكەن 50 يىلدا كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ جەمئى قېتىم سانىدىن ئېشىپ كەتكەن.

قەشقەردە قوقەند سودىگەرلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن سودىگەرلەر باشلىقى تەيىن قىلىنغان، بۇ «خۇدايدات» دەپ ئاتالغان. بۇنى «قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى تاللاپ تەيىنلەپ كەلگەن، قوقەند بېگى بۇنىڭغا زادىلا ئارىلاشمىغان» («چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭنىڭ ئەملىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 366 - جىلد، 18 - بەت) جىياچىڭنىڭ 13 - 14 - يىللىرى (1808 - 1809 - يىللىرى) ئالىم، خۇدايدات سەلەيجاننىڭ قوقەندنى رەنجىتكەنلىكى ھەققىدە جار سېلىپ، ئۇنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ («نايەنچىڭ مەلۇماتلىرى» 19 - جىلد، 15 - بەت)، خۇدايدات تەيىنلەش ئىشىغا ئارىلاشماقچى بولغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆمەر ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ، چېگرا بېجىنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىمايلا قالماستىن، يەنە خۇدايداتنى كونترول قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭدا چېگرا بېجى ئېلىش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزىۋالماقچى بولغان. جىياچىڭنىڭ 19 - يىلى (1814 - يىلى) ئۆمەر: غوجا ئەۋلادلىرىدىن ساماساقنىڭ ئوغلى جاھانگىر قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مەرغىلاندا ئۇنى توسۇپ قايتۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ، قەشقەردە قازى بەگ تەيىن قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، «ئەنجاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىمىز باشقۇرىمىز، ھاكىم بەگنىڭ باشقۇرۇشى ھاجەتسىز» دېگەن («چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭنىڭ ئەملىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 284 - جىلد، 2 - بەت)؛ «ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاسىيلار ئەۋلادىنى تازىلاش لايىھىسى» 3 - جىلد، 34 - بەت). دېمەك، ئۇ تەپتارتماستىن خۇدايدات ئورنىغا ئۆزىنىڭ باجگىر ئەمەلدارى — قازى بەگنى دەسسەتمەكچى بولغان. ئۆمەرنىڭ بۇ قىلمىشى ھەقىقەتەن چىڭ سۇلالىسىنى ھەيران قالدۇرغان. ئىلى سەركەردىسى شۇئاننىڭ ئەلچىلەر ئۆمەرگىنى: «ئويلاپ بېقىڭلار، خانلىقىمىز ئادەملىرىدىن سىلەرنىڭ يۇرتىڭلاردا سودا قىلىۋاتقانلىرى يوق ئەمەسقۇ، سىلەرنىڭ دائىرەڭلەردە ئەمەلدار تەيىن قىلىپ، باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئادىتى ئەزەلدىن بولغان ئەمەس. خانلىقىمىز مۇنداق چېگرادىن ئۆتۈپ باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىغان ئىشنى زادىلا قىلغان ئەمەس. سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭلەرچە بىر نېمىلەرنى ئويلاپ، خانلىقىمىز دائىرىسىدە قائىدىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلماقچى بولىسىلەر» دەپ ئېيىپلاپ قايتۇرىۋەتكەن. («چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭنىڭ ئەملىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 284 - جىلد، 32 - بەت). لېكىن ئۆمەر بۇنىڭ بىلەن بوشىشىپ قالمىغان، جىياچىڭنىڭ 25 - يىلى (1820 - يىلى) ئۆمەر نامىنى ئالماشتۇرۇپ ئاقساقال قويۇشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ باجگىر ئەمەلدارى — ئاقساقالنى تەيىنلەپ قەشقەرگە ئەۋەتكەن («چىڭ سۇلالىسى خانى رېنزۇڭنىڭ ئەملىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 366 - جىلد، 18 - بەت). ئۆمەر «توۋبە كۆرسىتىپ ئىلتىپات تىلەش» دېگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە غوجا ئەۋلادىنى غەلىتە مال قىلىپ چىڭ دائىرىلىرىنى قىستىماقچى بولغان. لېكىن چىڭ

ھۆكۈمىتى ئىچىدىمۇ پەقەت قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى يۇنۇس قوقەندتە ساماقنىڭ ئوغلى بارلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ يوقلىغان، ئۇ، مۇشۇ سەۋەپتىن ئىلى سەركەردىسى سۇڭجۇن تەرىپىدىن پاش قىلىنغان. يۇنۇس ئاتالمىش «ساماقنىڭ ئوغلى بارلىقىنى ئويدۇرۇپ چىقارغان» جىنايىتى بىلەن خىزمىتىدىن بوشۇتۇلۇپ، نەزەربەنت قىلىنغان («چىڭ سۇلالىسى خانى رېن زۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 286 - جىلد، 3 - 1 - بەت). يۇنۇس ئەنزىدىنىڭ پاجىئەسى شۇ يەردىكى، چىڭ سۇلالىسى مۇشۇنىڭ بىلەن غوجا ئەۋلادى ئۆلۈپ تۈگىگەن، غەم قىلماي بېخىرامان ئۆتسەك بولىدۇ، دەپ ئويلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتى كېيىنكى ۋاقىتتا قوقەندتىكى غوجا ئەۋلادىنىڭ قېچىپ، كېلىشىنى زادىلا ئېتىۋارغا ئالمىغان. پادىشا جيا چىڭنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «مېنىڭ دىلىمدا بۇنداق ئىشلار يوق، ساماق دېگەن ئادەممۇ يوق»، «ھايۋاننىڭ پۇشتى بىر پالتىمىغىمۇ ئەرزىمەيدۇ» دېگەن («ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاسىيلار ئەۋلادىنى تازىلاش لايىھەسى» 1 - جىلدنىڭ قىسقىچە بايانى)، «سەن قوقەندلىكلەر چېگرا سىرتىدىكى بىر ئازسانلىق قەبىلە، خانلىقىڭ سەنلەرنىڭ كېلىپ - كېتىپ سودا قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلغىنى ئادەتتىن تاشقىرى قىلىنغان ئىلتىپات ئىدى. ئەندى يەنە مۇنداق تۆگمەس تەلەپنى قىلىشىۋېرەمسەن» («چىڭ سۇلالىسى خانى رېن زۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى» 284 - جىلد، 32 - بەت)، چىڭ ھۆكۈمىتى قوقەندنىڭ «تۆگمەس تەلەپى» گە قاتتىق غەزەپلىنىپ، قەتئىي ھالدا قوقەند ئۆزىچە قويۇۋالغان ئاقساقالنى قايتۇرۇپ، ئۇنى تەمىلەشنى توختاتقان ۋە ئۇنىڭ ماللىرىدىن پۈتۈنلەي باج ئالغان («ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاسىيلار ئەۋلادىنى تازىلاش لايىھەسى» 3 - جىلد، 35 -بەت).

مانا بۇ: چىڭ سۇلالىسى ئاجىزلاشقان بولسىمۇ يەنىلا مەنمەنلىك قىلىۋاتقانلىقى، قوقەند باش كۆتىرىپ چىقىپ ئۇنى سىناپ بېقىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىكى كىرزىسى ئاخىرى سىياسى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت. ساماقنىڭ ئوغلى جاھانگىر مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە كەڭ كۆلەمدە قەشقەر چېگرىسىدىن ئۆسۈپ كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ توختىماس ئۇرۇش ئوتىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن. 1820 - يىلى قوقەندنىڭ كۈچكۈرتىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن جاھانگىر غوجىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى قوقەندنىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلغانلىقىدىن، 1759 - يىلدىن بۇيانقى 60 نەچچە يىللىق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ئەنگىلىيە ساياھەتچىسى رانسىدېي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيەتەۋەسىگە ساياھەت»

خاتىرىسى» (1885 - يىلى يېزىلغان، گىراكىشىنىڭ جياۋۇ يىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى) دە مۇنداق يېزىلغان: «پەرغانە يەنە بىر نامى قوقەند. يۈەن سۇلالىسىدىن تۆمۈر ئۇنى تېپىچلاندۇرغان، ئۇنىڭ 5 - ئەۋلات نەۋرىسى بابىر مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان، بۇ يەرنى شۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن. ئۇ كېيىن - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەچكە، پۇقرالىرى ئۇنى قوغلىۋەتكەندە ھىندىستانغا چېقىپ كەتكەن. پۇقرالىرى ئۇنىڭ ئوغلى ئاردىن بېشىنى قۇملۇقتىن تېپىپ ئەكېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزغان. بۇ 8 - ئەۋلادى...غو جىغىچە داۋاملاشقان. ئۇ قىزىنى ئۇرۇغداش ئاكىسى شاھرۇختا ياتلىق قىلغان. شاھرۇخ .... غو جىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قەۋمىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان. بۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 3 - ئەۋلادى ئېرداناغىچە داۋام قىلغان».

② بوتانىن: «ئوسمىلىك ئۆلكىسىدىكى يات خەلقنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى» «خەنزۇچە، قوقەندچە، رۇسچە ھۆججەتلەردىكى قىرغىزلار تارىخى توغرىسىدىكى سېلىشتۇرما ماتېرىياللار»دىن ئېلىنىپ، «سوۋېت شەرقشۇناسلىقى» غا كىرگۈزۈلگەن. 1858 - يىل 4 - سان.

③④ موللا نىياز: «شاھرۇخ تارىخى. پەرغانە ھۆكۈمرانلىرى تارىخى»، ئېلىنغان ماتېرىيال يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑤ دوبروۋسىملوف: «تاشكەنتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى. تارىخي قىسقىچە مۇلاھىزە». ئېلىنغان ماتېرىيال يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑦⑫ خوۋۇس: «موڭغۇل تارىخى» «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن ئېلىندى. 1 - قىسىم، 291 - بەت،

⑧㉓ ئىۋانوۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى پىروگىراممىسى»، 195 - 200 - بەتلەر. 1958 - يىل .. موسكۋا.

⑨ «ئۆزبەكلەر ئومۇمى تارىخى» 2 - توم، 196 - بەت، 1947 - يىل، تاشكەنت.

⑩ كافوروۋ: «تاجىك خەلقى تارىخى» 373 - بەت. 1952 - يىل، موسكۋا.

⑪㉗ زۇكۇتو: «رۇس ئاسىيا ياپلىغى»، 177 - ،212 - بەتلەر، توكيو.

⑬ كرۇپاتكىن: «قەشقەرىيە»، 122 - بەت، شاڭۋۇ كىتابخانىسى 1976 - يىل تەرجىمە نۇسخىسى.

⑭⑱ بولوچې: «ياقۇپبەگ تەرجىمھالى» 63—64 - بەت 47 - بەت. شاڭۋۇ كىتابخانىسى. 1976 - يىل، تەرجىمە نۇسخىسى.

⑮ مورس. گۇلان: «17 - ۋە 18 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا — قارمۇق ئىمپېرىيىسىمۇ ياكى مانجۇ ئىمپېرىيىسىمۇ؟» («موڭغۇل ئويراتلىرى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» تەرجىمە توپلىمى 14 - توپلام).

⑯ بەزىلەر: بارتولد بۇ يەردە قوقەند چۈگۈنىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلغان، دەپ قارىغان، بۇنداق قاراش مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەسلى تېكىستتا «......... доф ерганы ......» دەپ ئالدى ياردەمچى سۆز по نى ئىشلەتكەن، بۇ چېگرا پەرغانە ياقىلىرىغا يېتىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، پەرغانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇ خۇددى «по реки» — «دەريا بويىغا باردى» دېگەننى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش.

⑰ گىۇلېۋىچ: «چوڭ خەنزۇ زومىگەرلىكى ۋە 18 — 19 - ئەسىردىكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» «تارىخىي مەسىلىلەر» دە بېسىلغان. 1974 - يىل 4 - سان.

⑲ زوكوتۇ: «18 — 19 - ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، 583 - بەت، 1963 - يىل، توكيو.

⑳ لەي فۇشېن: «چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزۇڭنىڭ ھەربىي نەتىجىلىرى، ئۇچۇن كەتكەن ھەربىي خىراجەت توغرىسىدا تەتقىقات». «تارىخشۇناسلىق توپلىمى»، 1981 - يىل، شىمالىي تەيۋەن.

㉑ ياڭ جيەنشىن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە سىياسىتى ۋە چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزى». «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى»، 1 - سانىدا بېسىلغان.

㉒ ر. س. ساۋالىيېف: «ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قوقەند خانلىقى پۇلىنىڭ تۈرلىرى».

㉑ زامىگارچىلوپ: «قىرغىزلارنىڭ روسىيىگە قوشۇۋېلىنىشى»، 85 - ، 88—89 - بەتلەر.

㉕ يۇتيەنمىن: «رەۋەننىڭ ئەسلى چىقىش جايى سېلىنگېي ئىكەنلىكى توغرىسىدا»، «مەركىزىي ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى» دا، 1983 - يىل.

㉖ روفېر «جۇڭگو - ئىران ھەققىدە»، 383 - بەتلەر، شاڭۋۇ كىتابخانىسى، 1964 - يىل. تەرجىمە نۇسخىسى.